# مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شام نامىزىدا تۇر سۈرىسىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شام نامىزىدا تۇر سۈرىسىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش ئادىتىدە، ئۇ بامدات نامىزىدا قىرائەتنى ئۇزۇن قىلاتتى ۋە شام نامىزىدا قىسقا قىلاتتى. بەش نامازنىڭ ئىچىدە ئۇندىن باشقىلىرىدا ئوتتۇرىھال قىلاتتى. لېكىن خۇددى بۇ ھەدىستە كەلگەندەك، ئۇ بەزى چاغدا، باشقىچە ئوقۇشنىڭ رۇخسەتلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ياكى باشقا بىر مەقسەتتە ئۇ ئادىتىنى تاشلايتتى. بۇ ھەدىستە شام نامىزىدا تۇر سۈرىسىنى ئوقۇدى، بۇ سۈرە قىسقا سۈرىلەرنىڭ ئۇزۇنلىرىدىندۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5321